


(تارىخي ئوچېرك)




قەلەمدار خېۋىر تۆمۈر

# -1-

قەشقەر ...!

1920 ـ يىلنىڭ قىشلىقى، ئاسمانىنى تۇمان قاپلىغان، قۇياش خۇددى پەردە ئارقىسىدا يانغان شامدەك غۇۋا كۆرۈنمەكتە. شەھەرنى قەھرىتان سوغۇق قاپلىغان. رەستە كوچىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئەتىگەنلىكى سۆپۈرۈلۈپ تازىلانغاندىن كېيىن نېپىز سۇ چېچىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قەۋەت مۇز قاتقان ئىدى.

ئەنجان رەستىسى ۋە باشقا
كوچىلاردىكى ھەرقايسى دۇكاندارلار
بەقەسەم تون ياكى چەكمەن چاپانلىرىغا
سىپتا ئۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپ، كىچىككىنە
سەندەلدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان چوغنى
سۇنۇپ، تەسۋى تارتقان قوللىرىنى
پات ـ پات ئىسسىتىپ، چوغلارنى
توزۇتۇپ قوياتتى. ئاشپۇزۇللاردىن
قويۇق ھور پۇرقىراپ تۇراتتى.
ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار چىللىغان
ئاۋازلىرى، قاسقان ئاچقان ياكى

تەخسىگە مانتا سانىغان ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەم ئۆكسۈمەي ئۆيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. تولا ئادەملەر چەكمەن چاپاننى بولۇشىچە چىڭ يۆگەپ ئېگىكىنى مەيدىسىگە تىقىپ، بىر مۆرىسىنى ئېگىز، بىر مۆرىسىنى پەس قىلىپ، خۇددى سىڭارىيان ماڭغاندەك ئىلدام ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇرنىدىن پۇتلىسى چىقىپ تۇرغان بالىلارمۇ، چۇرۇقلىشىپ ئازغىنە غىلتاڭ مۇزنى

كۆرسە، شۇ ئانلا ناھال قويۇپ يىپىلىپ
ئۆتۆشەتتى. ئارىلاپ سارايلاردىن ماتا ـ
چەكمەن تايلىرىنى كۆتۆرگەن ھامماللار
يۆكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۆكچىيىپ ئاستا
قەدەم تاشلاپ ئۆتەتتى. ھېلى ئۇ،
ھېلى بۇ كۆلدىن سۇ ئېلىپ كەلگەن
سوغىچىلار بىرەر تېمىم سۇنىمۇ يەرگە
تۆكمەستىن، توختاملاشقان ئۆيلەرگە
يەتكۆزۆش ئۆچۆن ئۇ كوچىدىن چىقىپ
بۇ كوچىغا ئۆتۆپ كېتەتتى. سوغۇقتىن
دۇغدايمايدىغان، ئۇچىسىغا، بەقەسەم

ياكى ئاۋات چەكمەندىن تىكىلگەن سپتا تون، بېشىغا كەمچەت ياكى قاما تۇماق كىيىدىغان باي ۋە بايۋەچچىلەر شالاڭ كۆرۈنەتتى. ئۆمۇمەن ئاددىي چەكمەن كىيگەن يېلىڭ-يوپۇق ئادەملەر تولا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چاپاننىڭ پېشىنى كۆيدۈرۈپ قويغان، سوغۇقتا چاپاننى چىڭ يۆگەپ، قولتۇقنى يىرتىپ مازلىرىنى چۇۋۇپ قويغان دوغدايغۇچىلار تېخىمۇ تولا ئىدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى قاسقان

تۇماق كيەتتى. كۆك موۋۇت تاشلىق قەشقەر تۇمقى كيگەن كىشلەر شالاڭ كۆرۈنەتتى....

قەشقەر قانداقلا بولمسۇن نوچى شەھەر ئىدى. قەھرتان سوغۇقتا قاربماستىن تۆمەن بويلىردا، يۇملاق شەھەر كۆلدە، تۇرۇمتاي كۆللىردە ياشلار ناهال قويۇپ مۇز تېيلىپ ئاجايىپ فىگۇرا چىقرىپ ئويۇن قىلاتتى.

قەشقەر ھەۋەسكار شەھەر.

ناۋايخانىلاردا، تونۇر بېشىدا، جاراڭلىغان راۋاب سادالىرى قۇلاقنى ياراتتى.
شەھەرنىڭ هاممام كوچىسىدا بىر توپ جىنى چىك، تېخىمۇ نوچى باللار بار ئىدى. بۇ باللارنىڭ ئۆچىسى يېرىم يالڭاچ، پۇتلىرى يالاڭغىداق ئىدى. بۇلار سوغۇقتىن قورقمايتتى. ئەمما هاممام كۆلخانىسىنى تولاراق چۆرگىلەيتتى.
"قەشقەردە ياش باللا هاممام

ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلار "
... ...
بۇ مىسرا شېئىر تارىخي يىللاردىن بۇيان ماتېرىيال سۈپىتىدە تىلدىن-تىلغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مىسرا تولاراق ھامما كۆلخانىسىنى ماكان تۇتقان ئاشۇ باللارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىن تېرىلغان تارىخي مەرۋايىت بولۇشى كېرەك.
بۇ بىر توپ باللارنىڭ باش-كۆزلىرى كۆلگە بۇلغانغان، چاچلىرى

پيتلا بولۇپ بولۇپ گەدەنلرنى
ياپقان، قوللرى قاسماق، كىرلەشكەن،
ئەمما كۆزلرى قۇمچاقتەك ئويناپ
تۇردىغان جېنى چىڭ باللار ئىدى.
بۇ باللار زېركسە بىر-بىرنى كۆلگە
بېسشىپ ئوينايتتى. قورساق ئاچقاندا،
يۆگۆرۆپ بېرىپ ناۋايخانا،
ئاشخانلاردىن تىلەمچلىك قلىپ،
تاپقان نەرسىنى يەپ قورساق
تويغۇزاتتى. كېچسى هاممام
كۆلخانسنى ماكان قلاتتى. قەھرتان

سوغۇقنىڭ يىلاندەك تىللىرى، بۇ
باللارنىڭ باش-كۆزنى يالايتتى.
يىلاندەك سوغۇق ھەم زەھەرلىك
قامچىسىنى دەل شۇ يېتىملەرنىڭ
دۈمبىسىدە ئوينىتاتتى. لېكىن بۇ
باللار بوزەك بولمايتتى. سوغۇققا
قارشى تەبىئىي كۈرەش قىلاتتى.
ئۆزلىرىنى قەھرىتان سوغۇقنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يوقىتىپ قويۇشنى
خالىمايتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ
بۇ باللارنىڭ بەدەنلىرى چىڭ،

مەڭزلىرى تولۇق ۋە قىپقىزىل ئىدى. كىشىلەر بۇ بالىلارنى كۆرگەندە "تۈك تېزەكتەك چىك بالىلار ئىكەن" دەپ هەيران بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

شەهەر ئۆز هاياتى بىلەن داۋام قىلماقتا. بۇ بالىلارمۇ ئۆز يولى بىلەن ياشىماقتا ئىدى. بىر كۈنى بۇ بالىلار كۆلخانىدىن چوغ تېپىپ چوغنى قولدىن-قولغا يۆتكەپ، كىم يىراققا يەتكۈزىدۇ دېيىشىپ، ئەمەلىيەتتىمۇ قولىدىكى چوغنى يىراققا يەتكۈزۈش

ئۆچۆن يۆگۆرۆشۆپ شوخ ئوينىشۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا بوي، يوغان-ياپلۇ، كەڭ يەلكىلىك، چاقماقتەك ئۆتكۈر كۆزلۈك، كەكە ساقال بىر ئادەم كېلىپ بۇ باللارغا ئېچىنىشلىق نەزەر تاشلىدى ۋە ئاستا قەدەم بېسىپ يېقىنلاپ كەلدى.

-ئەزىز باللىرىم، قەدىرلىك باللىرىم، جېنىم باللىرىم! -دەيتتى ئۇ كىشى چەكسىز مېھرى بىلەن.

- ئەزىز باللىرىم، ھالىڭلار ئۇشبۇ

كۆنگە قالغانمۇ؟ بېشىڭلارنى سىلايدىغان كىشىڭلار يوقمۇ؟

ئۆز-ئۆزىدىن سۆزلەپ كېلىۋاتقان كىشىنى كۆرگەن باللار دەرھال كۆلخانىگە توپلىشىپ، غۇژمەكلىشىپ، قۇمچاق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ كىشى ئۇلارغا يېقىنلاپ سورىدى :

- ئەي ئەزىز پەرزەنتلىرىم نېمە ئۈچۈن بۇ كۆلخانىدە ياتىسلەر؟ ماكانىڭلار يوقمۇ؟

ـ دادا! ـ دېدى باللاردىن بىرى، ـ سوغۇق دېگەن يامان ئىكەن، كۆلگە كىرىۋالدۇق... ـ بالا سۆزلەپ بولۇپلا يېنىدىكى باللارغا قاراپ تىلىنى چىقاردى.

ـ توغرا ئېيتتىڭ!... دېدى بۇ كىشى ئېچىنىشلىق ئاھاڭدا، ـ سوغۇق دېگەن بۇ دەھشەتلىك مەرەز ئۆز نەشتىرىنى سىلەردەك ئاچ ـ يالىڭاچلارنىڭ بەدىنىگە سانچىغاندۇر. ئەمدى شۇنى سورايكى ئاتا ـ ئانىڭلار،

ئۆي ـ ماكانلىلار يوقمۇ؟
ـ ئاتا ـ ئانىمىز بولسا، ئۆي ـ ماكانىمىز بولسا بىزمۇ سەندەلگە چىقىپ كىرىپ يوتقاننى يېپىنىپ ئۇخلايتتۇق..!.
ـ بارىكاللا، تېخىمۇ توغرا جاۋاب بەردىڭ! بارىكاللا...!
بۇ چاغدا يەنە بىر كوچىدىن بىر تىلەمچى ئايال چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە

بۇرالدى.
پاتمەمنىڭ كۆڭلەكى،
سەكسەن يەردىن ياماقى ...
... ...
بۇ كىشى ئايالغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا قاراپ :
ـ سىڭلىم!... بالىلىرىڭىز بەك يوپۇڭكەن. سوغۇقتا توڭلاپ قالمىسۇن!
ـ دەپ ئايالغا يېقىنلاپ بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىدى، ۋە :
ـ بولماپتۇ ـ بولماپتۇ!... مۇنداق

قىلايلى! يوروقلار، ھەممىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭلار! مېھمان بولۇڭلار! سىلەرگە ئوت سىندۇرۇپ ئىسسىتاي، تاماق بېرىپ تويۇندۇراي، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

قۇلىقىغا ئاڭلانغان بۇ گەپلەرنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جىم تۇرۇشاتتى. بۇ كىشى ئەھۋالنى چۈشىنىپ :

ـ راست سۆز، مەن بىلەن يوروقلار،

ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ مېهمان قىلاي!...
ـ دېدى.
ـ بارساق بارايلى، ـ دېيىشكەن باللار بۇ كىشىگە ئەگىشىپ ماڭدى. ئايال گويا قانداق قىلىشنى بىلمىگەندەك جىم تۇراتتى.
ـ سىلىمۇ شۇنداق قىلسىلا. قورۇنماي ماڭسىلا، ـ دېدى بۇ كىشى.
بۇ كىشى ئايالنى هەم بىر توپ باللارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كەتتى.

## - 2 -

ئابدۇقادىر داموللام پېشمەرخانىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپلا مەخسۇم بالىسىنى چاقىرىپ، ئىچكەركى ئۆيدىن غەللە ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. غەللە ساندۇقىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان مەخسۇم خۇشاللىقتا قىن-قىنىغا پاتماي يۈگۈرگەن پېتى ئىچكىركى ئۆيىگە كىرىپ، ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەسئۇمنىڭ ۋالىدەسى نائىلە خانىم، ھەممىدىن كىچىك قىزى ئامىنەلەر بىللە چىقتى.

ـ يائاللا، ئولاش ـ چولاش ھەممىڭلار چىقىپ نىمە بولۇشتۇڭلار؟ ـ دېدى داموللام ھەيران بولغان تەرزدە.

ـ غەللە ساندۇق ئىچىلغۇدەك دەپ ھەممىمىز خۇشال چىقتۇق، قانداق، بولماپتۇمۇ؟ ـ دېدى نائىلە خانىم مىيىقىدا كۈلۈپ.

ـ چىققانلىرى بوپتۇ، ئەمما ھەرقايسىلىرىغا زەررىچە مەنپەئەت تەگمەسمىكىن!

ـ مەيلى... غەللىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرسەكمۇ بىر پايدا، ــ دېدى نائىلە خانىم سەل نارازى بولۇپ، ـ مەن تېخى ئۆمۈرۋايەت ئېچىلمايدىغان ساندۇقمىكىن دەپتىمەن. بىچارە مەخسۇم بالام غەللىنىڭ ئېچىلىشىغا تەقەززا بولۇپ ھېچ ھالى قالمىدى. ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ھەر كۈنى يۈز

قىتىم تاراقلىتىدۇ. تۇتمىسىلا بالام، داموللا دادىلىرى خاپا بولىدۇ، دەپ توسۇپ كەلدىم، مەيلى دەپ قويۇپ بېرىدىغان بولسام قۇلۇپنى ئاللىقاچان چېقىپ تاشلايتتى.

ـ ھە... ... تېخى، مەخسۇم بالام كەپسىزلىك قىپتىكەن ـ دە! ـ داموللام مەخسۇم ئوغلىغا قاراپ قويدى.

مەخسۇم بولسا سەل ـ پەل قىزىرىپ تۇراتتى، كىچىك قىز ئامىنە سوراشقا باشلىدى:

ـ دادا، دادا، بۇ ساندۇقتا يېمە بار؟
ـ ساندۇقتا لىپاپا بار.
ـ يىتاپىنىڭ ئىچىدە يېمە بار؟
ـ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.
ـ دادام سىلىنى گوللاۋاتىدۇ، لىتاپىنىڭ ئىچىدە لىق پۇل بار، ـ دېدى مەخسۇم ئىتتىكلىك قىلىپ.
ـ پۇلنى يېمە قىلىدۇ؟ ـ كىچىك قىز بىلمىگەنلىكتىن سورىدى.

ـ دادام بىزگە بەرسە خەجلەيمىز، ـ دېدى مەخسۇم سىڭلىسىغا يول كۆرسىتىپ.
ـ سىلەر خەجلىسەڭلەر توغرا كەلمەسمىكىن! ـ دېدى داموللا ئۆز بالىلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ.
بۇ ساندۇق نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىلمايۋاتقانلىقى ھەممىنىڭ ئىچىنى ئىچىنى پۇشۇراتتى.
ئابدۇقادىر داموللام ھىجرەتتىن

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى بىرلىشىپ كۆتۈرگەندەك ھۆرمەت قىلدى. مېھمانغا چاقىردى، بەزمىلەرگە تەكلىپ قىلدى. بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر دامولّامنىڭ ئالدىغا پۇل قويۇپ دۇئاسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دامولّامغا يەنە ھەر خىل كىرىملەر ـ ئۆشرە، زاكات، سەدىقە، ئېھسان ۋە ئىسقات لىپاپىلىرى كېلەتتى. بۇ كىرىملەر باشقا موللا ـ ئالىملارنىڭ رىزقى يۇرتقا چېچىلغانلىقىغا ئوخشاش

غەيرىي رەسمىي كىرىم بولسىمۇ، ئەمما
داموللام ئۇنى ئۆز شەخسكە ۋە ئائىلە
خىراجىتىگە قىلچە تەسەررۇپ
قىلماستىن، كەلگەن پۇل، لىپپىلارنىڭ
ھەممىسىنى مەزكۇر غەللە ساندۇقىغا
تاشلاپ، يوغان قۇلۇپتىن بىرنى
سېلىپ، ئاچقۇچىنى ئۆزى ساقلاپ
كېلەتتى. ئۆي ئىچىدىكىلەر بۇ
ساندۇقتا پۇل بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن
بىلەتتى. شۇڭا داموللامنىڭ ئوغلى
مەخسۇم بىرنېمە يېگۈسى كەلسە ياكى

پۇل خەجلىگۈسى كەلسىلا ساندۇقتىكى قۇلۇپنى تاراقلىتاتتى. ۋالىدەسى نائىلە خانىم بولسا داموللامنىڭ خاپىسى ئۆرلەپ قالمىسۇن دەپ مەخسۇم بالىسنى توساتتى. ئەمما ساندۇقنىڭ ئېچىلماسلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ ئىچى پۇشاتتى. شۇڭا ھازىر غەللە ساندۇق ئېچىلغان پەيتتە، نائىلە خانىم ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولۇپ دەرھال سۆز ئاچتى:

ـ بۇ غەللە قاچان ئېچىلاركىن دەپ

چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز زار بولدۇق.
بىزنىڭ ئۆيىمىز ھازىر گېلى بىلەن تەڭ
قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى. ئەلا خېنىم
ئۈچ قېتىم داستىخان قىلىپ كەلدى.
مەن تېخى بىر قېتىم ياندۇرغۇ قىلىپ
باقمىدىم. ھاجى خېنىم، ئامانگۈل
خېنىم، نەجىلا خېنىملارمۇ قانچە
قېتىمدىن داستىخان قىلىپ كەلدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرز بولۇپ
تۇرۇۋاتىدۇ. بىزمۇ داستىخان قىلىپ
بارىدىغان ھەر ئىشلار چىقتى. بارايلى

دېسەك ئۆيدە يوق، بىزنى كىم دېسە،
داموللامنىڭ قۇشناچى دەيدۇ. ئېتىمىز
ئۇلۇغ، ئەمما بىر يەرگە داستىخان
قىلىپ بارغىدەك ھالىمىز يوق.
ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارلىرى
يوق. تاپقان نەرسىنى غەللىگە سېلىپ،
ھېچكىمگە كۆرسەتمەيلا. ھازىر مەن
خىجالەت بولۇپ ئىشكتىن بېشىمنى
چىقىرالمايدىغان بولدۇم.
ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپلا كەتتىم !
- خېنىم، راسا توشۇپ

كېتىپتكەنلا، ـ ـ دېدى داموللا كۈلۈمسىرەپ، نائىلە خانىمنىڭ كۆزىگە قاراپ، ـ سىلىنىڭ چۈشەنچىلىرىدە، بىر يەرگە داستىخان كۆتۈرۈپ بارسا ئادەمگەرچىلىك بولۇپ، داستىخان كۆتۈرۈپ بارالمىسا ئادەمگەرچىلىك بولمامدىكەن؟ كەمىنىلىرى بۇ چۈشەنچىلىرىگە قوشۇلالمايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئادەمگەرچىلىك باشقا گەپ. ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆتۈرمەكچى بولغان داستىخانلىرى ئادەملەر بىلەن

ئادەملەر، ئائىلىلەر بىلەن ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان رەسمىيەتلەرگە قارىتا ئېيتىلىۋاتىدۇ. كوچىلاردا مەزە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار ياكى داستىخان ـ تاۋاقلىرىنى زەمبىلگە سېلىپ ئۆتۈۋاتقانلار تولا ئۇچرايدۇ. بۇلار بەلكىم ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كېتىۋاتقاندۇر. ئەجەبا، بۇلارنىڭ داستىخانلىرى دۇنيادا ھېچنەرسىدىن خىجالىتى يوق بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە، بېرىپ كەتكەن قازى ـ قۇززاتلارنىڭ،

ئەمەلـدار ـ بەگلەرنىـڭ ئۆيلىرىگە، شۇ ئۆيلەردىكى خېنىملارغا بولۇۋاتىدۇ. بۇ، خۇددى ياغلىق ئۈچەيگە ياغ تىققاندەك بىـــر ئىـش. قوشـــۇلمايدىغانلىقىمنىڭ سەـــۋەبلىرى مانـــا مۇشـــۇ يەردە. خېنىملارنىـــڭ ئادەمگەرچىلىـــك دەپ كۆتـــۈرۈپ ماڭغـــان داســـتىخانلىرى كوچىلاردا ئاچ ـ يالىڭـاچ يۈرگەنلەرگە، تـــۇل خوتـــۇن، يېـــتىم ئوغـۇللارغـــا ۋە ئۇلارنىـڭ ئۆيلىرىگە زادى بارمايـدۇيا؟ بىزنىـڭ بـاللىرىمىز هاممـام ئاســتىدا

كۆلدە ياتسا، كوچىلىرىمىز تىلەمچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىۋاتسا، پۈتۈن شەھەردە كەمبەغەللىك، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، قەھەتچىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتسا، بۇ خارۇ ـ زارلىقتا ھېچكىم ئادەمگەرچىلىك قىلمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز مۇشۇ قەشقەردە تۇغۇلدۇق، ئۆستۇق، بىزنىڭ كۆنىمىز، ئىنشائاللا بىرقەدەر ياخشى، بىزنىڭ قولىمىزدىن قانچىلىك ئادەمگەرچىلىك كەلسە، بىز ئۇ ئادەمگەرچىلىكنى ھالاۋەتتىن

كېرىلىپ، بۇرنىدىن ياغ تېمىپ تۇرغان خېنىملارنىڭ باركاللىسىغا قىلماستىن، بىچارە، زەئىپ، مىيىپ، يېتىم - يېسىرلارغا قىلىشىمىز كېرەك. شەھىرىمىزدە كەمبەغەل جىق، ھەممىگە قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. ئەمدىگىنە يىگىرمىدەك يېتىمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىۋاتىمەن. ئۆزلىرى بىلەن قەدىناس بولۇپ كېلىۋاتىمىز، مەن قىلغان ئىش ئۆزلىرىگىمۇ تەئەللۇق، ئەلۋەتتە. قېنى، ئىككىمىزنىڭ قۇدرىتى يەتكەن بولسا،

پۈتۈن شەھەرگە ـ پۈتۈن قەشقەرگە قىلغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى، ھازىر بايلار، ئۆلىمالار، ئەمەلدارلار، شەيخ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەدرىسە، ۋەخپىلەرنىڭ بىرنەرسە ئاجرىتىپ بېرىشكە مۇتلەق رازى ئەمەس. پۈتۈن كەسپى-غېمى ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشتا. بۇ غەللىدىكى نەرسىلەر ماڭا تەۋە. يۇرت ئالدىمغا قويدى، ئالىمسام رەنجىيدۇ، ئالدىم، ئەمدى ئۆز

خەجمگە تەسەرروُپ قلسام ماڭا راۋا بولامدوُ؟ مەئىشتىمز ئوتتوُراھال كىتشۋاتقان ئائىلە سەدىقە ـ ئىھسان يىسەك توغرا بولامدوُ؟ كتابلىرىمزدا سەدىقە ـ ئىھساننىڭ خوجىسى ـ كەمبەغەل، ئاجىز، يىتىم ـ مىسكىنلەر دەپ بايان قىلىنغان. شوُنىڭ ئوٚچوٚن بىز غەللىگە قول سالمايمز. بوُنىڭ ئىگىسى ـ كىيىمسز، ئاش ـ نانسز، كوچىدا قالغان يىتىملەر بولسوُن. ماڭسلا بالام، يوٚگوٚروٚپ چىقىپ موللا

ساۋۇت ئاكىلىرىنى قىچقىرىپ كەلسىلە، غەللىدىكى پۇللارنى تاپشۇرۇۋالسۇن.

نائىلە خانىم ئاجايىپ ئۇلۇغ ھەدىس ئاڭلىغان ئىدى. تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، خۇشخۇي قىياپەتتە ئۇزۇن بىر تىنىق ئېلىپ، مەخسۇم بالىسىغا قاراپ:

ـ ماڭسىلا بالام، چاپسان قىچقىرىپ كىرسىلە، ـ دەپ داموللامنىڭ بۇيرۇقىنى كۆچلەندۈردى. مەخسۇم چىقىپ ئانچە ھايال بولمايلا موللا

ساۋۇت خەلپەت كىرىپ كەلدى.
– ماۋۇ غەللىنى بۆگۈن سىلىگە تاپشۇراي. ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئېچىپ، ئىچىدە نىمە بولسا ئېنىق ساناپ، دەپتەرگە ئورتىلىق قىلىپ ئورنىتىپ، يېتىم بالىلارغا سەرپ قىلسىلا. بىر تىيىن، بىر مىسقال پۇل ئويان ـ بۇيان بولۇپ كەتمىسۇن. بىزنىڭ ھازىرقى ئىشىمىز ئېغىر، ۋەزىپىمىز چوڭ. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەنەززۇل بەكمۇ ئېغىر، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاغە

قىلمىساق بولامدۇ؟ ھازىر خەلقىمىز كانارىغا ئېسىلغان گۆش، كاۋاپ زىخلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن قىيما، بايلار، ئۆلىمالار، ئەمەلدار ـ بەگلەر خەلقنىڭ گۆشىنى بەررە كاۋاپ قىلىپ ئىشتىھا قىلماقتا. ئەغيارلار (ئىنگلىزلار، شۋېتلار) خەلقنىڭ ئەمگەك تەرلىرى، ئىسسىق قانلىرىنى قەدەھلەرگە تولدۇرۇپ ئىچمەكتە. موللا ساۋۇت، ھوشيار بولسىلا، كالللىرىنى سىلكىسىلە. ۋەزىپە بەك ئېغىر ... قېنى،

غەللىنى ساناپ باقسىلا.

موللا ساۋۇت غەللىنى تۆكۈپ، قەغەز پۇل، كۈمۈش پۇللارنى ئۆز قولى بىلەن ساناپ دەپتەرگە چۈشۈرۈشكە كىرىشتى.

داموللام بولسا، ئۆز يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭگە چىقىرىپ، ئۆيى خىراجىتى دەپ نائىلە خانىمغا ئۇزاتتى. مەخسۇم بالىسى بىلەن ئامىنە قىزنى ھەم نائۈمىد قىلماي، بىردىن تىيىن پۇل بېرىپ رازى قىلدى.

# ـ 3 ـ

ـ بىشى ئىششىپ قالغان ئادەم ـ
دە، ـ دېدى قارا ساقال، يۇملاق
يۈزلۈك كەلگەن كەلگەن تاھىر داموللا،
ـ كوچىدا يۈرگەن بىرنەچچە يېتىم
ئوغلاقنى يىغىۋېلىپ باقمەن، تەربىيەت
قىلىمەن دەپ يوقىلاڭ ئىشقا بىكاردىن ـ
بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ !
ـ خۇدا سالغان كوي دېسىلە، ئۇنى
تارتماي نە چارە! ـ دېدى ھېلىم مەزىن

قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ.
-ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىك ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن دېگەن شۇ-دە؟ -دېدى ئۇچلۇق ساقال، پاكار بويلۇق ئوبۇلقاسىم مۆتىۋەللى، -يېتىم ئوغلاقلارنى كوچىدىن يىغىۋېلىپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا باقماق ئېغىر كېلىپ، مەدرىسىنىڭ ئەۋقاپلىرىدىن بىرنەرسە ئاجرىتىپ بېرىڭلار دەپ ھەممىنى ئاۋارە

قىلىۋاتىدۇ..!.

خانلىق مەدرىسىدە پىشنىنى ئوقۇپ چىققان بىرنەچچە تەقۋادار كىشى دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشۇپ ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى توغرىسىدا شىكايەت قىلماقتا ئىدى.

-كوچىدا ئۆزىنىڭ كۆڭنىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىۋاتقان يوتقان تېشى هارامزادىلەرنى يىغىپ قويۇپ، باقماق تەس كەلگەندە ئەۋقاپقا چاڭگال سالسا

تــوغرا كېلەمــدىكەن؟ ـ دېــدى تــاھىر داموللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ـ ھەر بىـر مەدرىسىنىڭ ئۆزىگە يارىـشا قورسـىقى، يىقىلغـان تېمـى، يامايـدىغان تۆشـۈكى بولىدۇ. مانا شۇ قورسـاقلارنى بـېقىش، تۆشـۈكنى يامـاش كېـرەك ئەمەسـمۇ؟ ئەۋقــاپنى يېــتىم ئوغلاقلارغـــا يېدۈرىۋەتـسەك قالغـان ئىـشقا قانـداق قىلغۇلۇق؟ ئويلىماستىن ئېغزىنى قاپتەك ئاچىدىكەن.

ـ ھــازىر بـــۇ ئــادەم شـــەھەرگە

سىغمايۋاتىدۇ، ــ دېدى ھېلىم مەزىن ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، ــ ئۇنى ئۇنداق دەۋاتقان، بۇنى بۇنداق دەۋاتقان، بايلارنىڭ ياقىسىغا، ئۆلۈمالارنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاتقان، ھەرقايسى خانىقا ـ مەدرىسىلەرگە چاپلىشىۋاتقان، بۇنىسىغۇ مەيلى، ئىنگلىز كونسۇلخانىسى، شىۋېت دوختۇرخانىلىرىغىمۇ تىل سېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەممىدىن يامىنى دېسىلە! ئىنگلىزلار بىزگە نېمە قىلدى؟ شىۋېت

دوختۇرخانىسى نېمە يامانلىق قىلـدى؟ نېمشقا ئۆيلمايدىغاندۇ؟

ـ بۇ ئادەم ئۆزى ئۆلۈمـا بولـسىمۇ جەدىتلىك يولىغا كىرىپ قـاپتۇ. شـۇڭا جىمى ئىشقا چات كىرىپ ھەممىگە چاك سىلىۋاتىدۇ!

ـ ئىنگلىزلار بىلەن شـۋىتلارغا چـاك سالغىنى بەك قاملاشمىدى. ئۇلار بىـلەن چاقچاقلىـشىدىغان خەق ئەمەس، ئـۇلار دېــگەن دۇنيـــانى ســـوراۋاتقان خەق! تەقـــسىر دامـــوللام، "جاھـــانگىر"

دېگەننىڭ سىغىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى ھېلىم مەزىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ـ "جاھان" دېگەن 18 مىڭ ئالەمنى كۆرسىتىدۇ. "گىر" دېگىنى تۇتقۇچى دېمەكتۇر. جاھانگىرنىڭ مەنىسى جاھان تۇتقۇچى دېگەن بولىدۇ. "لاخشە" دېگەن چوغ دېمەكتۇر، ئوت تۇتىدىغان ئەسۋابنى شۇنىڭ ئۈچۈن "لاخشىگىر" دەپ ئاتايمىز. ۋاللاھۇ ئالەم بىسساۋاپ ...

... ـ تاھىر داموللام جاۋاب بەردى.
ـ يائاللا، يائاللا داموللام.
ئابدۇۋەلى باي مەدرىسسىنى قوچۇپ ئۇماچ قىلىۋەتتى، ـ تاھىر داموللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭ مەسىلىدىن خۇلاسە چىقىرىپ چۈشەنچە بېرىۋاتقان تەرزدە داۋام قىلدى، ـ مەدرىسە ئوقۇشقا جۇغراپىيە، تارىخ، ھەندەسە دەرسلىرىنى كىرگۈزىمىز دەپ تالىپلارنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ قايمۇقتۇرۇۋەتتى. تالىپلار ھازىر يا

ئۇنىڭدىن، يا بۇنىڭدىن بەھرى ئالالماي، كەپتەرۋازنىڭ قاپىقىدەك شۇرۇقلاپ كەتتى، ئەزەلدىن ئوقۇتۇلۇۋاتقان قائىدىسى بىلەن ماڭسا ئۆز يولى بىلەن كېتىۋەرمەمتى؟ !

ـ مەدرىسىدە ناخشا ئۆگەتكەن نەدە بەر؟ ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ئابدۇۋەلى باي مەدرىسىدە گۇر...گۇر... ناخشا ئاۋازى، خۇدايا تۇۋا دەپ قاپتىمەن. بۇ ئادەمنىڭ قىلىقلىرىغا خۇدايا تۇۋا دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق، بولمىسا

مەدرىسە دېگەننىڭ تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، ناخشا توۋلىسا گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئۆزى ئوبدان چۈشىنىدۇ، ـ دېدى قاسىم مۆتىۋەللى.

ـ ئالىمنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىۋەردۇقمۇ؟! بۇ ياخشى بولامدۇ؟ ـ دېدى ئەتىگەندىن بېرى سۆزگە ئارىلاشمىغان تەۋەككۇل خەلپەت سورلۇق قىياپەتتە، ـ بۇ ئادەم بىزنىڭ قەشقەردىن چىققان ئۇلۇغ ئالىم، ئۇلۇغ

پەيلاسوپ. داموللامنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى تاشكەنت، قازان مەتبەئەلىرىدە نەشىردىن چىققى، «رىشادىل مۇسلىمىن»، «مۇپتاھىل ئەدەپ»، «ئەقايىد زۆرۆرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «بىدايىتى سەرپ»، «ھىدايىتى نەھۋى»، «شەرھ ئامالى» ۋە باشقىلار. بۇ كىتابلار نەشىردىن چىقىپ، دەرسلىك بولۇپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ، يەنە «جاۋاھىرۇل ئىقان» كىتابى مىسىردەك چوڭ ئىرپان

شەھىردە ئالاھىدە تەقدىرگە ئىگە. جۇغراپىيە، ھەمدىسە (ئارخېئولوگىيە) نۇسخىسى يوقالغان بولسىمۇ، يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ كىشى بىر ئالىم. مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، بىزنىڭ قەشقەردىن مۇشۇنداق ئالىم چىقسۇنۇ، ئېپتىخار بولۇشنى قايرىپ قويۇپ، غاجىغلى تۇرساق زادى قانداق بولار؟!
... ... بىزنىڭ بۇ پىئىلىمىز! ھەي بىزنىڭ بۇ پىئىلىمىز بىزنى قانداق رىزالەتكە تاشلاركىن ... ...!

ئەتىگەندىن قىزغىن شىكايەت قىلغۇچىلار قاپاقلىرىنى سىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ بىر ھازادىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى...

## - 4 -

قەشقەر 1-مەدرىسە (ئابدۇۋەلى مەدرىسسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئايۋانچىسىدا ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ۋەز ئوقۇماقتا. يۈزلىگەن تالىپلار پۈتۈن ۋۇجۇدى،

تولۇق ئىشتىياقى بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى. داموللام سۆز ئاخىرىدا قولىغا «نەسىھەتى ئاممە» نۇسخىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىسلام ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە دىيانەت جاھانىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ھۇۋەيدا بولسۇنكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەت شاراپەتلىرى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاسىل بولۇر. بۇ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىز

ۋاقىپ بولۇپ، تامام ھەممەتلىرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلماققا ۋە ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرمەككە سەرپ قىلىشتى. شۇل ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى سايىسىدە ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تامام ئالەمگە بىلدۈرگەن ئىدى. ئىتتىپاق، ئىلىم-مەرىپەت، ئىنساپ، ئادالەت ئاشكارا بولۇپ، زۇلۇم-ستەم، ئىختىلاپ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە جاھالەتلەر سىنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، قايسى كۈنكى

ئەلنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇپ، ئەمەل سالىھەلىرىغە نۇقسان يېتىپ ئىشتىپاقلىق يوقالدى. سۇسلۇق، بىكارچىلىقلار زۇلۇم ـ خىيانەتلەر پەيدا بولدى. ئىلىم ـ مەرىپەت كېمەيدى. ئەلنىڭ شان ـ شەۋكتى يوقىلىپ، خار زەبۇنلۇقلار يۈزبەردى. سەپەر يۈرۈشلىرىمىزگە خۇراپاتلىقلار ئارىلاشتى. ئىززەت ـ ئابرۇيلىرىمىز قولدىن كەتتى. مۇخالىپلار (جاھانگىرلار) ۋەتىنىمىزگە قول سۇنۇشقا

باشلىدى. ئىنساپ بىلەن ياخشى
مۇلاھىزە قىلساق، بۇ زەبۇنلۇققا سەۋەب
ئۆز پېئىلى ئېتىبارىمىزدۇر. ھازىر بىز
ھەممە جەھەتتىن پەرىشان، خار ـ
زەبۇنلۇققا، غەم ـ كۈلپەت، ئەپسۇس ـ
نادامەتتىن باشقا ئىلاجىمىز يوقتۇر.
زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەتلەردە
ھەممە ملللەتلەر (ئەللەر مەنىسدە)دىن
تۆۋەندۇرمىز. كىشىلگىلار، ئەي
قېرىنداشلار! بۇ زەبۇن ـ جاھالەتلىرىمىز
ئۈستىدىن پىكىر ـ مۇلاھىزە قىلايلى،

ھازىرقى تەنەززۇلدىن غەم ـ ئەندىشە قىلايلى! ئۆلۈماللىرىمىز ياخشى ئەمەللەرنى بىزگە كەمەيەنبەغى بىلدۈرسۇنلەر. راستلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتسۇنلەر، ھالىمىزدىن ۋە يېتىم ـ مىسكىنلەردىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆشرە ـ زاكات ۋە سەدىقە ـ ئېھسانلار بىلەن ئۇلارنى تەربىيەت قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيادىكى نازۇ ـ نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلسۇنلەر. ئۇلارمۇ خەلق ۋە مىللەتكە خىزمەت

قىلىسۇنلەر، ئەر-خوتۇنغا ئوخشاشلا ئىلىم تەلەپ قىلماقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇلاھىزە ۋە ئېتىبارغا ئېلىپ، قىزلارغا مەخسۇس مەكتەپلەر بىنا قىلسۇنلەر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كىچىك بالا نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە يامان خۇلۇق-نادانلىق كەسىپ قىلۇر، كىچىكلىكتە ئورناشقان يامان خۇلۇق ۋە نادانلىقنى تۈگەتمەك مۇشەققەتتۇر. ئەگەر ئانىسى ئوقۇغان، بىلگەن بولسا، بالىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلۇر.

كىچىكىدە تەربىيە كۆرگەن بالا چوڭ بولغاندا كامالەت ھاسىل قىلمىقى ئاسان بولۇر. ھەممىمىز ئىنساپ قىلايلى! ئىستىقبالىمىزدىن ئەندىشە قىلايلى، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى ھەر خىل تەدبىر ـ ئىلاجلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلايلى. تولا بىچارە يېتىم ـ ئاجىز بالىلار چارىسىزلىقتىن، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقلۇقىدىن بىگانىلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە (شۋىت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان مەكتەپنى

كۆزدە تۇتىدۇ) ئاش ـ نان دەپ ئوقۇپ گۇمراھ بولۇشۇرلەر. ئىنسانلىق غەيرەتلىرىمىز بىلەن ئۇلارنى خالاس قىلماقچا چارە ئىزدەيلى. بۇ زامان ئىنتىباھ (تەنبىھ) ۋە ئاگاھلىق زاماندۇر. غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەستۇر. ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر، جاھالەت ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەستۇر. سەئى ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق دەۋرى ئەمەستۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ

مەرپەت ساھەسدە ھاۋادا ئۇچماقتا، سۇنىك تەكتىدە گويا قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك يۈرمەكتە. بىزلەر ھونۇز ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدادۇرمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىك مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ تەرزدە دائىم ئۇخلىماق پانا ۋە ھالاكەتتۇر. ئۇيقۇدىن بىدار بولايلى. ھېلى ھەم ۋاقىت پۇرسەت باردۇر. نائۈمىد بولماق راۋا ئەمەستۇر. لېكىن باشقا كەسىپ ۋە تەلەپلەر سەئىدىسىز مەتلۇب ھاسىل بولمىقى ئادەتتە جارى بولمىغاندۇر.

جەددۇ ـ جەھەت سەئى ئىجتىھات قىلماق زۆرۈردۇر.
ۋەسسالام
تالىپلار ھاياجانلانغان ھالدا داموللامغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. داموللام تالىپلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ئاخىرقى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى:
ـ ئۇشبۇ «نەسىھەتى ئاممە» ۋەرەقىسىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ كەسكىن پىكىرلىرىمىز ـ

مۇددىئالىرىمىزنىڭ مەجمۇئەسىدۇر. بۇ ۋەرەقىلەرنى ھەر بىر تالىپلىرىمىز يۈزلەپ نۇسخىلار ئېلىپ خەلق ئاممىسىغا ئوقۇپ تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىشىڭىزلارنى ۋەتەن يولىدا ۋەزىپە قىلىمىز. خەلقىمىز چۈشەنسۇن، خەلقلىرىمىزگە بىر ـ بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بېرىڭىزلەر. ئۇلارمۇ ئۆي ـ ئائىلىلىرىدە ئوقۇپ چۈشەندۈرسۇن. بۇ ۋەزىپىمىزنى ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن دەپ تونۇپ ئىجرا قىلالامسىزلەر؟

تالىپلار بىردىن چۇقان سېلىپ: "ئەجرا قىلىمىز!" دەپ قىزغىن ئىپادە بىلدۈرۈشتى، داموللام ئۈستى ـ ئۈستىگە "بارىكاللا!... ..." ئېيتىپ تالىپلارغا ۋەرەقە تارقاتتى.

## ـ 5 ـ

قەشقەر ھېيتگاھ ئەچى. جەنۇبىي يان ئىشك تەرەپتىكى پېشايۋان ئاستىدا، چاققانغىنە ئىھاتە تاغاق (ۋادەك) ئىچىگە قازىخانا جايلاشقان.

تاغاق ئىچى پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ، بورا تاشلانغان، بورا ئۈستىگە ئاق كىگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىپىز يۆگەك كۆرپە تاشلانغان، قەشقەرنىڭ تۆت قازىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. يان ئىشىك تەرەپتە قازىخانىدىن سەل نىرىراقتا سەللىسىگە قومۇش قەلەم قىستۇرغان خەتتاتلار كىچىك كۈرسىلاردا ئولتۇرۇشقان ئىدى. شۇ پەيتتە نە دەۋاگەر، نە ئەرز يازدۇرغۇچى يوق بولغانلىقتىن سەل ئارا ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى يان ئىشكتىن كىرىپ كەلدى. خەتتاتلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بىرىپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. داموللام ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، توپتوغرا قازىخانا ئالدىغا كەلدى :

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ...! ...

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... ... ـ تۆت قازى تەڭلا ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت كۆرسەتتى ۋە بىساتقا

تەكلىپ قىلدى، ـ كەلسىلە داموللام، بىساتقا كەلسىلە !

ـ رەھمەت، مەن بۈگۈن باشقا ئىش ئۈچۈن كەلدىم، دەۋاگەر سۈپىتىدە مۇشۇ يەردە ئۆرە تۇراي، ـ دېدى داموللام.

ـ نېمە دېگەنلىرى ئۇ، كەلسىلە چاقچاق قىلماي، ـ دېدى ھەسەن قازى كۈلۈمسىرەپ.

ـ چاقچاققا ۋاقىت زايەدۇر، بۇ مۇھىم ئىش ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىنىڭ

ئۆيلىرىگە ئالاھىدە بىر-بىرلەپ بىرىشىم لازىم ئىدى، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ بۇ يەرگە بېسىپ كېپقالىدىم. مائىاپ قىلىشسىلا، مەن بۇ ئۆتتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەرگە زادىلا قانائەت قىلمىدىم، رازى بولمىدىم. ۋەتىنىمىز - خەلقىمىز نادانلىقتا، جاھالەتتە ياتماقتا، غەپلەت پاتقاقلىرىغا پاتماقتا. بۇ ياخشى ھادىسە ئەمەس. بۇ ئىشلارغا ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن! ھەممە ئىشلار كونا قېلىپتا

ـ قلچە يېڭىلىق يوق. ۋاقىت، دەۋر
بىكار ئۆتمەكتە! بۇ قاتماللىقتا قانداقمۇ
رازى بولغىلى بولسۇن! قانداقمۇ چىداپ
تۇرغىلى بولسۇن؟ ھەرقايسىلىرى يۇرت
ئاتىسى، ئۆلىما ـ كىراملار، ئەلىۋەتتە
ۋەتەننىڭ غېمىنى قىلىپ، خەلقنىڭ
بېشىنى ئۇڭلاپ، ئاۋاتلىق،
مەرىپەتلىك، بەخت ـ سائادەتلىك
يوللارغا باشلاپ مېڭىشلىرى لازىمدۇر.
ئەگەر ئىنساپ تارازىمىز بىلەن تەپەككۇر
خىياللىرىمىزنى ئۆلچەپ كۆرىدىغان

بولساق، بىز ئۆلۈما فەزىلالىرىنىڭ خەلقنى مەرىپەتكە باشلاش، ئويغىتىش ۋەزىپىلىرىمىز باردۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىز نىمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئىلىمنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ بۇنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟

-كەلسىلە داموللام، بىساتقا كەلسىلە، بۈگۈن سەل-پەل چىچىلىپ قاپلا، كەلسىلە، ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي

سۆزلەيلى! ـ داموللا ئابدۇغوپۇر تەئەددى قىلغان تەرزدە داموللامنى بىساتتقا تەكلىپ قىلدى.

ـ مەنغۇ چىچىلغىنىم يوق، لېكىن چىچىلسامۇ ھەققىم بار، ـ دېدى ئابدۇقادىر داموللام تېخىمۇ ئېچىلىپ، ـ بىز ھەممىمىز قانچە يىللار رىيازەت چېكىپ ئوقۇپ كەلدۇق. خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يورۇقلۇققا، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ مەرىپەتكە باشلايمىز دەپ ئوقۇدۇق. ھالا بۈگۈن

يۇرتقا كېلىپ، قازى ـ قۇززات، مۇپتى ـ ئەلەم ۋە يەنە بىرمۇنچە مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قانائەت قىلىساق، ھوزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت ـ پاراغەت ئۇيقۇسىغا چۆكسەك، بۇنىڭ قارشىسىدا يۇرتىمىز جاھالەتتە قالسا، خەلقىمىز خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكسە ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟ بۇ ئاقىۋەتتىن نېمە ئۈچۈن قايغۇرمايمىز؟ ھازىر خەلقىمىز ئىلىم ـ مەرىپەتكە تەشنا،

تەرەققىياتقا تەقەززا بولماقتا، بىزنىڭ خەلقنى مەرىپەتكە ۋە تەرەققىياتقا باشلايدىغان ھېچقانداق ۋەزىپىمىز يوقمىدۇر؟ ئۆلىمالارنىڭ ناماز چۈشۈرۈش، ئىسقات ئېلىش، نەزىر-چىراققا بېرىش، دۇئاخانلىق قىلىشتەك قېلىپلاشقان ئادەت ئىجراسىدىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئەمەللىرىمىز يوقمىدۇر؟ نېمە ئۈچۈن ئويلاشمايمىز؟

-بارغانچە قايناپ كەتتىلىغۇ! بۇ ئالەمنىڭ قايىنغۇچىلىكى يوق، تەقسىر!

ـ ئىسلام قازى قاپىقىنى سىلىپ نەسھەت تەرىقىسىدە سۆز قىستۇردى.

ـ قايىنغان بولسام ياخشى قىپتىمەن. بىز ئوقۇغان ئۆلىمالار خۇددى كانارىدىكى گۆشكە ئولاشقان چىۋىنلەردەك مەدرىسىدىكى ئەۋقاپقا، قازىخانىدىكى مۆھۈر ھەققىگە، ئىشقىلىپ قەيەردە مەنپەئەت بولسا، شۇ يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىمىزغا، ئىنساپ ھەۋزىنى قۇرۇتۇپ، تەمە پاتقاقلىرىغا چۆكۈۋالغانلىقىمىزغا، ۋەتەن ـ خەلقنىڭ

هالۇ ـ ئەھۋالىغا كۆزىمىزنى يۇمۇپ، دەرت ـ پەرياتلىرىغا قۇلىقىمىزنى ئېتىپ گاس ـ ئەما بولۇۋالغانلىقىمىزغا قانچە قايىنغان بولسام شۇنچە ياخشى. نېمە ئۈچۈن قايىنمەيدىكەنمەن؟ قېنى، ھازىر ئەھۋالىمىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئەزىز بالىلىرىمىز ھاممام ئاستىدا كۆلدە ياتماقتا. تىلەمچى ـ سائىللار كۆنساناپ كۆپەيمەكتە. ھازىر ئۆشرە ـ زاكات، ئەۋقاپ ماللىيلىرىنى ئۆز نەپسىمىزگە تارتىپ، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەرپ

قىلمايۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلمايمىز؟ مەكتەپلەر ئېچىپ ئۆز بالىلىرىمىزغا غەمخورلۇق قىلساق نېمە يامىنى؟ دارىلئېتام قۇرساق بولمامدۇ؟ ھەرقايسىلىرى يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقىنىڭ بېشى، ھالبۇكى خەلقىمىزنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتۈن ئىجتىھات، پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن مۆھۆر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كوندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ

خاترجەم ئۇخلاشسلا، خەلقمىزنىڭ هالى قانداق بولار؟ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز نە كۆلپەتلەرگە گىرىپتار بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي تاشلىۋەتتۇق، ئەمما ياۋروپادىن كەلگەن ئەغيارلار ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالماقتا. ئىنگلىزلار، شۋېتلار شىپاخانىلار قۇرۇپ ھەقسىز داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزىگە تارتماقتا. ئۇلار خەلققە بىر مىسقال تەسىر كۆرستىش ئۈچۈن يۈز سەرلەپ

تەگكە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق خەلقنى ئۆزىمىزدىن تېخمۇ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ خەلقتىن كۆپلەپ پۇل ئالماقتىمىز. ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ خەلقنىڭ بېشىغا دەررە سىلىپ جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بى ناھايەت ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ !

ـ چېچىلىپ، قايناپ بېسىلماي،
ئاخىرى ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدىلا
تەقسىر، ئىسيانكار بولماق ياخشى ئىش
ئەمەس، ئۆزىمىزنى سەل بېسىۋالايلى،
ئۆز مۇجادىلىمىزدىن چەتنەپ كەتمەيلى!
ئىنگلىزلار، شىۋىتلارغا تىل
تەگكۈزمەيلى، ئۇلار بىزگە مېھمان!...
... ـ دېدى ئابدۇغوپۇر داموللا
قاپىقىنى تۈرۈپ.
ـ ئەگەر ئىسيانكار بولالىغان بولسام
مىڭ قەتلى شۈكرى، ـ دېدى

ئابدۇقادىر داموللام كۆكرىكىنى كېرىپ، ـ تەقسىر داموللام ئىنگلىزلار، شىۋىتلار قانداق قىلىپ بىزگە مېھمان بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپتۇ؟ ئۆزلىرى چىللىغانمۇ ـ يا؟ ياكى قۇدا چۈشۈپ قويلىمۇ؟ تەقسىر كاللىنى سىلكىۋېتىپ سۆزلىسىلە! ئۇلار بىزگە زادى مېھمان بولالمايدۇ. مېھمان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار تاجاۋۇزچى، ئۇلار جاھانگىر، ھازىر قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كەلگەن بىلەن،

ئاستا ـ ئاستا گىلەملىرىمىزنى ئېلىپ بىزگە بورىيا قالدۇرغۇچى بولاڭچى. بىز قانچە خۇراپاتقا چوكسەك ئۇلار شۇنچە خۇش بولىدۇ. چۈنكى غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ مەست قىلغۇچى دورىلىرىنىمۇ ئۇلار بىزگە ئېچكۈزگەندۇر. ئۇلار بىزگە مېھمان ئەمەس، بەلكى يىلتىزىمىزنى قىرقىيدىغان زۇلۇك سۈيقەستچى، كاللا كېسەر، قاتىل، قان شورىغۇچى يالماۋۇز. مېھمان دېگەن سۆزنى

ئىككىنچى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بولىدىلا... ئۇيات بولىدۇ، تەقسىر!
ـ مەن گۇناھكار بولۇپ قالدىمۇ؟
ـ ئابدۇغوپۇر داموللا چاچراپ تەئەددىلىك بىلەن جاۋابەن سۆز قىلدى، ـ بۇ ئىشلارغا نېمانچە قىلىلا؟ ئىسيان كۆتۈرمەك ئاسان، لېكىن ئاخىرىنى چىقارماق تەس. ئىنگلىز، شۋېت دېگەندەك تىل تەگكۈزگىلى بولامدىغان! ئۇيلاپراق گەپ قىلساق

بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس بولارمىكىن!... داموللام تولا ... ـ مانا مەندۇرمەن، ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن. سىلىچە بولغاندا ئۆيۈمگە كىرگەن ئوغرىنى مېھمان دېسەم بولىدىكەن ـ دە؟... ـ ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ سۆزىنى كېسىپ جاۋاب قىلدى ئابدۇقادىر داموللا.

ـ داموللام سەۋرى قىلسىلا، ـ دېدى ئابدۇغوپۇر داموللا ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، نەسىھەت ئاھاڭىدا، ـ

ئۆزلىرى چەككەن رىيازەت ئاز ئەمەس، ئىلىم ـ پەزىلەتتە ھېچكىمدىن كەم قالمايلا، كۆپ يىللار ئىلىم تەھسىل قىلدىلا، قىلغان ئەجىرلىرىگە يارىشا خۇداۋەندىكرىم ئىلىم ئاتا قىلدى، مەرتىۋە بەردى، رىزقى ـ نەسىۋىلىرىنى يۇرتقا چاچتى. مانا ئەمدى ئۆزلىرىمۇ بىزگە ئوخشاش يۇرتقا چېچىلغان رىزقى ـ نەسىۋىلىرىنى خۇددى دەريادىن بېلىق تۇتقاندەك، باغدىن شاپتۇل ئۈزگەندەك يىغىپ يەيدىغان ۋاقتىلىرى

كەلدى. مانا بىزگە قايلسلا، بىز شۈنداق قىلىۋاتىمىزغۇ! بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟ قازىخانىگە كەلسەك، كۆنىگە تۆت ـ بەش سەر تەڭگە تاپاۋەت بولىدۇ، تەڭگىلەرنى يانچۇقتا سىلىپ ئۆيگە قايتىمىز. دۇنيادا ئالتۇن ـ كۆمۈشنىڭ جاراڭلىشىدىن ئارتۇق خۇش ئاۋاز بارمۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا... ئالتۇن ـ كۆمۈشنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ ئۆيىمىزدە تىنچ ياتساق، بۇ نېمە دېگەن سائادەتلىك ئىش ـ ھە! يۇرتنىڭ ئىشى،

خەلقنىڭ تەقدىرى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. خۇدانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بىز بەندىلەر يۇرتنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيمىزمۇ؟ بىزنىڭ خۇداغا قۇللۇق قىلماقتىن باشقا ھېچقانداق ۋەزىپىمىز يوق، تەقسىر..!.

ـ يائاللا، يائاللا! ـ دېدى ئابدۇقادىر داموللا، غەزەپ بىلەن تىترەپ، ـ ئاجايىپ كەم ئەقىللىق بىلەن سۆزلەپ قويلا. ئىلمى مەنتىقتىن تولىمۇ كور ئىكەنلا. ئەگەر سىلىدەك

ئۆلۆمالارنىڭ چۆشەنچىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ قىياسىمىز نېمىگە ئوخشاپ قالار؟ تاڭلا مەھشەردە سۆرىتى مۇبەدىل بولۇپ كېتەرمۇ؟ مەن تېخى سىلىنى خېلى ئوقۇغان، ئىقتىدارلىق، مەنتىق ئىگىسى دەپ بىلەتتىم، ئەجەبا... مەن تېخى بىلمەيتىكەنمەن. سىلىنىڭ ئاۋۇ يوغان قورساقتا نېمە بار؟ زادى نېمە بار؟

ـ قورساقتا تەقسىر، ئەتىگەن ئىچكەن قايماق چاي بىلەن ھالۋا،

ئاندىن خۇدا بەرگەن رىزق ـ نەزىردە يېگەن بەتتە پولۇ بار. خۇدا بەرگەن رىزقىغا ئىسيان كۆتۈرۈپ، كېلىشتۈرۈپ يېيەلمىگەن كىشىلەرنىڭ قورسىقى سىلىنىڭ قورساقلىرىدەك ھەمىشە پۇچەك تۇرىدۇ. ئۆزلىرى قۇشناچىم ئەتىگەن بەرگەن ئاتىلىنى ئىچىپلا كەلگەندەك تۇرىلا! ـ ئابدۇغوپۇر داموللا مۇزەمەت قىلىپ كۆلۈمسىرىدى.

ـ توغرا، مەن ئەتىگەن ئاتىلا ئىچتىم، ئاتىلا بىزنىڭ تارىخىي

ئەنئەنىۋى غىزايىمىز. ئۆزى كۆچلۈك غىزا. پۈتۈن بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ. بىز ئاتىلا ئىچكىنىمىزگە شۈكرى قىلىمىز ۋە ئىپتىخارلىنىمىز. سىلىنىڭ پەدەر رەھمىتىمۇ ئاتىلا ئىچكەن، شۇنىڭ كۆچى بىلەن ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان. بۇنىڭغا يەنە نىمە دەيدىلا! بىز تېخى سىلىنىڭ يوغان قورساقلىرىدا ئىلىم ـ ئىرفان بارمىكىن دەپ يۈرۈپتۇق. بۈگۈن مەلۇم بولىدىكى، سىلىنىڭ قورساقتا ئىرفان ئەمەس، بەلكى مەينەت

چىرىنىدىلەر تولغان ئىكەن، بۇنى ئاشكارا قىلىپ نېمانچە رەسۋا بولىلا !
ـ بەس... بەس، ـ دېدى ئىسلام قازى. بۇ ئىككى ئۆلىمانىڭ بارغانچە چېگىقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوتتۇرىغا چۈشتى، ـ ئابدۇقادىر داموللىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. خەلقنىڭ غېمىنى قىلىش، يۇرتنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇش زىيانلىق ئىش ئەمەس. بىز ئۆلىمالار ئەلۋەتتە مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەك !

داموللا ئابدۇغوپۇر، غەزىپىنى بىسۋالالماي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئات قامچىسىنى ئالدى ـ دە، تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئىسلام قازى سۆزىنى بۇراپ:

ـ خوش تەقسىر، نەگە؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ خوش، مەن دوتەي يامۇلىغا بىرىپ كېلەي! ـ دىدى ئابدۇغوپۇر داموللا. ئۇ ئاچچىقىدا چىقىپ كەتتى. باشقا قازىلار لام ـ جىم دىمەي سۈكۈت

ئېچىدە قالدى.
- بولاپتۇ! چوڭ بولسا دوتەينىڭ ئالدىغا بارار! - دېدى ئابدۇقادىر داموللام پىسەنت قىلماي، - بىزنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ۋە ئاش-نان بېرىپ بېشىدا كۆتۈرۈۋاتقان ئەل-يۇرتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-ئېھسانلار ھەق جايىنى تاپمىدى. ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ زايە بولماقتا. ئەگەر بىز بۇ مەبلەغلەرنى ھەق جايىغا سەرپ

قىلىپ، ئۆز بالىلىرىمىزنى تەربىيە قىلساق، بۇنىڭ نىمە زىيىنى؟ يۇرتىمىزنى تەرەققىياتقا باشلىساق نىمە يامىنى؟ يۇرتىمىزدا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن پەرزەنتلىرىمىز ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابىنى چەكمەكتە. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇداخىلچىلەرنىڭ قوينىغا ئاتماقتا. بىز بۇنىڭ ئالدىنى توسماي بولامدۇ؟ بىزمۇ ئەزەلدىن قاۋۇل خەلق ئىدۇق. پامىردىن تاكى ئۇزاق ئالتايغىچە

چادىر ـ بارگاھ قۇرغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى جاھالەت، نادانلىق، بىخۇدلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك بىزنى گۇمران قىلماقتا. ئەلۋەتتە ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇنداق قىلمايلى! خەير ـ خوش، مەن كەتتىم. ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم.

ئابدۇقادىر داموللام قازىخانىدىن چىقىپ كەتتى. قالغان قازىلار بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى بىر ھازا جىم

ئولتۇرۇشتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر-بىرىگە قاراشتى.
-بۇ ئاۋارىچىلىكنى كۆرسىلە! -دېدى قازىلاردىن بىرى.
-خەپشۇك! -دېدى يەنە بىر قازى.
-ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، -دېدى ئىسلام قازى، -ھەرقانداق ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىگە باغلىق، بۇ ئادەمنىڭ دىلىغا بۇ ئۇلۇغ قايغۇنى خۇدا سالغان ئىكەن، شۇنىڭ زارىنى قىلماي ئامال يوق!... -ئۇ ئۇلۇغ-

كىچىك تىنندى.

## ـ 6 ـ

ئۆمەر باينىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى كانتۇر هويلىسى گەرچە تارراق بولسىمۇ، هەشەمەتلىك ئىدى. نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكلەر، ئويما گۈللۈك گارنىزلار هويلىنىڭ هۆسنىنى تولىمۇ ئاچقان ئىدى. تەشتەكلەردىكى هەر خىل گۈل، قەپەزلەردىكى شاتۇتلار، ئۆز يارىشىقىدا رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۆمەر باي بۇ كىچە

نەزەرباغدىكى ھويلىسىغا قايتماي
شەھەردە بولغان ئىدى. ئەتىگەنلىكتە
بامداتنى ئۆيدە ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىن، كانتور ئالدىغا كېلىپ، ناشتىغا
چاي كەلتۈرۈلۈش ئارىلىقىدا تەسۋى
سىيرىپ دۇئا ئوقۇش بىلەن بەند
ئولتۇراتتى. بىردىنلا ھويلا
دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى تاراقلاپ،
ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. خىزمەتكار
بالا دەرھال بېرىپ ھويلا دەرۋازىسىنى
ئاچتى، ھويلىغا ئابدۇرېھىم بايۋەچچە

باشلىق 3 كىشى كىرىپ سالام بەردى. ئۇلار دەرھال ئۆمەر بايغا قول بێرىپ كۆرۈشكەندىن كێيىن كانتۇرنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى ۋە قىسقا قىلىپ ئامانلىق سوراشقاندىن كێيىن، ئابدۇرێھىم بايۋەچچە سۆز ئاچتى :

- بۈگۈن كێچە شەھەر ئوڭتەي- توڭتەي بولۇپ، ئادەمنى پاراكەندە قىلىدىغان بىر ئىش بوپتۇ.

-نێمە ئىش بوپتۇ؟ توپان بالاسى كەلمىگەندۇ؟ -ئۆمەر باي بىخەۋەر

بولغاچقا بەخرامان سوراپ قويدى.
-توپان بالاسدىن كەم ئەمەس! - دېدى ئابلىراخۇن باي.
-ھە، نېمە گەپ؟
-كېچە دامـوللام ئۆز تـالىپلىرىنى باشلاپ بېرىپ شـۋېت دوختۇرخانـسى ئاچقـــان مەكتەپنـــى، ئۇنـــڭ مەتبەئەلىرىنى چېقىپ تاشلاپتۇ !
-نـېمە؟ -ئـۆمەر بـاي سـەل جىددىيلىشىپ، رەڭگى ئـۆزگەرگەن ھەم كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالـدا سورىدى،

ـ قايسى داموللا؟
ـ قايسى داموللا بولاتتى! بىزنىڭ ئابدۇۋارىسچۇ!
ـ ھە، داموللا قادىرمۇ؟ مەكتەپ قەيەرگە تاقىشىپتۇ؟
ـ شۇنى دېمەملا؟ ـ دېدى ئابدۇرېھىم بەيۋەچچە.
ـ قەشقەرگە سىغمايۋاتقىنى، ئۆزىچە مەسلەك مەستانىسى بولۇپ، بۇرغۇسى تۇتۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقىنى، ـ دېدى

ئابلا ئاخۇنباي جىددىي ئاھاڭدا، ـ
بىزغۇ مەيلى، ئىنگلىز ـ شۋېتلەرگە
مۇشت كۆتۈرگىنى قاملاشمىدى. ئۇ
خەق بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟
شۇنچە يىراق جايلاردىن كېلىپ،
قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق
قىلىۋاتىدۇ. بىززە ۋاپاغا جاپا بارمۇ
دېسە بىرگە ئىككى دېسەك قاملىشامدۇ؟
بۇ راسا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئۇ
خەقنىڭمۇ ئەلۋەتتە كۆڭلى بار. ئەگەر
ئاچچىقى كېلىپ قالسا، تاماشىنى شۇ

يەردە كۆرسەك بولىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن جان تومۇرىمىز شۇ خەقنىڭ قولىدا ئەمەسمۇ؟

ـ ئەستاغپۇرۇللا!... ـ ئۆمەر باي ساقىلىنى تۇتاملاپ سىيرىپ، دەرقەم ئولتۇرغان بايلارغا قاراپ تىترەپ دېدى، ـ بۇ داموللا تاۋاقنى چېقىپ قويۇپتۇ ـ دە!

ھويلا ئىشكىنىڭ ھالقىسى يەنە تاراقلىدى. خىزمەتكار بېرىپ ئاچقاندىن كېيىن، ھويلىغا مامۇت بەگ

كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەمنىڭ قوشۇمىسى دائىم تۈرۈكلۈك بولغىنى ئۈچۈن مامۇت خاپىلىق دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ كىرىپلا :

ـ سەھەر بىرىپ ھەسەن شۆيت بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ كىشى قاتتىق كايىدى. كاللىسى قىتىپ، ئىشنىڭ ئاقۋىتى قانداق بولار دەپ بىشنى چايقاپ قالدى ...

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ـ دىدى ئابدۇرىھىم بايۋەچچە سۆزىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، ـ قەشقەر بايلىرىنىڭ
تۈمەن سەر يىپەكلىرى، تۈمەن ـ تۈمەن
تېرە ـ ئۆچەيلىرى، مىڭلاپ زىلچا ـ
گىلەملىرى ئۇ خەقنىڭ قولىدا
تۇرۇۋاتسا، ئۇلار شۇ ماللارنىڭ
بەدىلىگە بىزگە مەنپەئەت بېرىۋاتسا،
بىز قەشقەرلىك تۇزۇڭنى ئىچىپ
تۇزلۇقۇڭنى چاقاي دېسەك قاملىشامدۇ؟
بولىدىغان ئىش بولدى. ئەمدى قانداق
قىلىمىز؟ ـ ئۆمەر باي قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ ئەقىل سورىغاندەك سوئال

قويدى.

-ياخشىسى ئىنگلىز كونسۇلخانىسى بىلەن شۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئۆزرە ئېيتىشىمىز كېرەك، -دېدى بىرسى.

كۆپچىلىك باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى.

ئۆمەر باي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە باشچىلىقىدا ئۇنىغا يېقىن چوڭ-چوڭ بايلار نوبېشى كوچىسى بىلەن سەمەن تەرەپكە چىقىپ شۋېت

كونسۇلخانىسىغا كىرگەندە ئۇلارنى كونسۇل خادىملىرىدىن بىرى كۈتۈۋالدى. بايلارنىڭ كىيىش مەقسىتىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ھويلىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. بايلار ھويلىدا 10 مىنۇت ساقلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى خىزمەتچى چىقىپ كونسۇلنىڭ مېھمان قوبۇلخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. بايلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئۆز ھۆرمىتى بويىچە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،

ھېلىقى خىزمەتكار بايلارغا قاراپ تەۋەززۇلۇق بىلەن ئىزاھلىدى:
-جانابى كونسۇل مۇھىم ئىش بىلەن بەند بولغانلىقتىن ھەرقايىسلىرىنى 10 مىنۇت ساقلىتىپ قويغانلىقىدىن خىجالەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
-يوغۇسۇ، يوغۇسۇ... ئون مىنۇت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، -دېدى بايلارنىڭ ھەممىسى.
بايلار لوم-لوم ئورۇندۇقلاردا

ئولتۇرۇشتى، بەزەنلىرى پاپىرۇس چېكىشتى. تاماكىنى چوڭ-چوڭ تارتىپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن تۈتۈن پۈۋلەشتى. بۇ چاغدا ھېلىقى خىزمەتكار يەنە سۆزلەپ :

-ئادەتتە جانابى كونسۇلنىڭ ئىشى ئانچە كۆپ بولمايتتى، -دېدى كۈلۈمسىرەپ، -بەزەن شۇنداق جىددىي ۋاقىتلاردا ئىشى ئالدىراش بولۇپ قالىدۇ..!.

بايلارنىڭ يۈرەكلىرى جىغىدە

سىلكىندى. ئۇلارنىڭ خىيالى دەرھال ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىلغان ئىسيانىغا بېرىپ تاقالدى. بەلكى داموللىنىڭ قىلغان ئىشى جىددىي ئىش بولغانلىقتىن كونسۇل بۇ ئىشنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىۋاتسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىشتى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، كۆز ئالدىلىرىدىن يىپەكلەر، ئۆچەيلەر، تېرە، زىلچا ـ گىلەملەر ۋە باشقا قىممەت باھالىق ماللار ئۆتۈشكە باشلىدى.

ھېلىقى خىزمەتچى بايلارنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن بايقاپ چۈشەنگەندىن كېيىن ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ئارىدىن 5 مىنۇت ئۆتۈپ جانابى كونسۇل چىقىپ مېھمانلارنى قوبۇل قىلدى. كونسۇل كىرگەندە بايلار دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. كونسۇل ئۇيغۇر تىلىغا كامىل ئىدى:

ـ مەرھەمەت! مەرھەمەت! ئۆمەر باي، ئابدۇرېھىم باي، مامۇتخان باي،

مەرهەمەت! ـ كونسۇل بېشىنى لىڭشىتىپ هەربىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بايلار مەمنۇنىيەتلىك بىلەن جاي ـ جايىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ئۆمەر باي ئورنىدىن تۇرۇپ بايلارغا ۋاكالىتەن ئۆزرە ئېيتتى:

ـ كېچە بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپتۇ. شەھىرىمىزدە كىشىنىڭ دىلى رەنجىگۈدەك، زەردىسى قاينىغۇدەك ئېغىر

ۋەقە يۈز بېرىپتۇ! بۇ قەشقەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ئايرىم ئىسيانكارنىڭ قەبىھلىكىدىن بولغان. بۇگۈن ئەتىگەن ئاڭلاپ ھەممىمىز قاتتىق رەنجىدۇق... جانابى كونسۇل ئە...پەن...دىم ...
ـ ئولتۇرسىلا باي... دىل رەنجىگۈدەك ئىش ئەمەس، ـ دېدى كونسۇل ئوچۇق چىراي كۆرسىتىپ، ـ ئولتۇرسىلا، مەرھەمەت، بۇ بىر كىچىك ئىشقۇ! ئۇلۇغ مەريەم ئانىمىزنىڭ ۋاپادارلىقىنى نامايان قىلىش يولىدا

ياخشى نىيەت بىلەن ئىش قىلدۇق. ئەگەر ھەرقايسىلىرى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېرىپ بىز قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئۇندىن بىرىنى قىلغان بولۇشسىلا بىزنىڭ خەلقىمىز ھەرقايسىلىرىنى باش ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى. چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز ياخشى ئىش، ياخشى نىيەتنى چۈشىنىدۇ ...

ـ شۇنداق، شۇنداق! ـ دېيىشتى بايلار.

ـ بىز قەشقەردىن بۇنداق جاۋاب

بولار دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىدۇق، ــ دېدى كونسۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.
ــ بەك سەت بولدى، بىز ھەممىمىز كۆپ خىجالەت بولدۇق.
ــ خىجالەت بولغۇدەك ئىش ئەمەس، ــ دېدى كونسۇل چىمچىلاق قولىنىڭ ئۇچىنى كۆرسىتىپ، ــ تولىمۇ كىچىك ئىش. لېكىن بىز ياۋروپالىق يوغىنايدىغان ھەرقانداق جاراھەت، ھەرقانداق ئازاب ــ ئوقۇبەتنىڭ

دەسلىپىدە كىچىك نەرسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا داۋالاش قائىدىسى بويىچە ھەرقانداق كىچىك ئالامەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. كېسەل تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا ئۇنىڭغا ئاغرىنىپ تۇرماستىن كېسەپ تاشلاپ، كىشلەرنى كېيىنكى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىمىز. بۇ بىزنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمىز. كېچە پەيدا بولغان ۋەقە مۇشۇ قىسمەتتىكى ئىشلارغۇ! ھەرقايسىلىرى قەشقەرنىڭ

بايلىرى، قەشقەرنىڭ كۆزى، قەشقەرنىڭ يۈزى، گۈل تاجى ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش سەت بولىدۇ دېگەن ھېسسىيات بىلەن بىزگە ئۆزرە ئېيتىپ كېلىشىپلا. مەن بۇنى چۈشەنگەن يەردە، ھەرقايسىلىرىمۇ چۈشىنىشلىرى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا "ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا" دەيدىغان بىر تەمسىل بار، بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى بىر ئىللەت، ئۇنىڭ دەۋاسىنى يەنە ئۆزلىرى قىلىشىدىلا، بىز ئۆز ياخشىلىقىمىزنى

ھەرگىز توختىتىپ قويمايمىز ...
بايلار ئېگىلىپ خوش ئېيتىپ چىققاندىن كېيىن، ئەنگلىز كونسۇلخانىسىغا بىر-بىر ئۆزرە ئېيتتى. ئەنگلىز كونسۇلى قوبۇلخانىدا مۇنداق دېدى:
- ئەتىگەنلىكتە ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. قەشقەردە مۇشۇنداق بولۇشىنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدىم.
- راست-راست، - دېيىشتى بايلار،

ـ هېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىش ئىدى. ئاجايىپ قوپال ئىش بولدىـ ده !

ـ ئابدۇقادىر داموللام بەلكى پىلىغا مۇشت ئاتماقچى بولغاندۇر، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئىمپېرىيە ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. داموللا كۆپ جايلارغا بارغان بولسىمۇ، ئەقىل تاپمىغان، دۇنيانى چۈشەنمىگەن. دۇنيانىڭ تىزگىنى كىمنىڭ قولىدا، تەقدىرى كىمنىڭ ئىلكىدە، بۇنىڭدىن

زەررىچە ساۋاتى يوق. ۋەقە گەرچە كىچىك بولسىمۇ، تەسىرى يامان! بۇ ئىشنىڭ بەختسىز ئاقىۋەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا شەخسەن ئۆزۈمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ، ـ دېدى كونسۇل سۆزلۈك قىياپەتتە.

ـ دەرۋەقە شۇنداق، كونسۇل جانابلىرى، بۇ ۋەقە بىزنى جىق تەشۋىشكە سالدى، ـ دېدى ئۆمەر باي.

ـ ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر مەنپەئەتنى بىلەن ھېسابلاشمىغان.

قەشقەرنىڭ جان تومۇرى قەيەردىن ئۈزۈلىنىۋاتىدۇ، بۇنى قىلچە چۈشەنمىگەن. لېكىن ھەرقايسىلىرى ياخشى چۈچىنىشىدىلا، ئانچە ئەندىشە قىلىشمىسىلا! ئىش ئوڭشىلىپ قالىدۇ! ـ دېدى كونسۇل كۈلۈمسىرەپ.

بايلار بۇ يەردىنمۇ خۇشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى.

## ـ 7 ـ

## مامۇت بەگ ئىچكەركى

مېھمانخانىسىدا ھەسەن شۆت بىلەن داستىخان ئۈستىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشمەكتە ئىدى.
ـ جانابىي كونسۇل ئەپەندىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم، ـ دېدى ھەسەن شۆت قولىدىكى پىيالىنى ئوينىتىپ،
ـ بۇ ۋەقە چىققاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى خىيال سۈرۈپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن گەپ قىلماستىن ئۆيىنىڭ ئىچىدە

ماڭغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ھېچگەپ قىلالمىدىم.
-ئەلۋەتتە خاپا بولغاندۇ، -دېدى مامۇت خاپىلىق قوشۇمىسىنى تېخىمۇ تۈرۈپ، -ئەگەر مېنىڭ دۆكىنىمنى بىرەر ئادەم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بولسا، قان بولۇشۇپ كەتمەمدىمەن، يا ئۇ يان، يا بۇ يان بولۇشۇپ كېتىمەن-دە! كونسۇل ئەپەندىم ھېلىمۇ ئانچە خاپا بولماپتۇ.
-جانابى كونسۇل بىرھازادىن

كېيىن بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ، ھەرە ئۆز كۆنەلگىسىنى ئۆزى ساقلايدۇ! ـ دېدى ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلماي ئۆيگە چىقىپ كەتتى. بۇ گېپىنى خېلى ئويلاپ كۆرگەن بولساممۇ مەنىسىنى يېشەلمىدىم.

ـ گەپنىڭ ئۆزى مەنىسىز گەپ ئەمەس، ـ دېدى مامۇت بەگ.

ـ ئەلۋەتتە جانابىي كونسۇل مەنىسى يوق گەپنى قىلمايدۇ. مامۇت بېگىممۇ ئويلاپ كۆرسۇن. زادى بۇ سۆز

قانداق مەندە ئېيتىلدى؟
ـ قەشقەرلىك ھەرىكەتكە كىلىپ ئۆز قەشقىرىنى ساقلىسۇن، دىگەن مەندە سۆزلىگەندۇ؟
ـ نۇرى ئەلانۇر، ـ دىدى ھەسەن شۇۋت مامۇت بەگنىڭ دولىسىغا قىقىپ، ـ مىنىڭ مۇلاھىزەممۇ شۇ ئىدى. قەشقەرلىك ئۆز شەھرىنى ئۆزى ساقلىمسا، كىم ساقلاپ بىرەتتى؟ مەن يەنە شۇنى قىستۇرۇپ قويغۇم كىلىدۇكى، ئاتىسىغا يول قويغان

سودىگەر پايدا تاپالمايدۇ. بۇنى
ئوبدان چۈشىنىلا، قەشقەردە باي،
سودىگەر تولا. بۇلارغا پايدا كېرەك،
پايدا ھىندىستانغا باغلىق. تېگى-
تەكتىدىن ئالغاندا ئۇلۇغ برىتانىيىگە
باغلىق، برىتانىيە ئىمپېرىيىسى خاپا
بولغان كۈنى قەشقەرنىڭ ھاياتى يوق
دېگەن سۆز. خاپىغۇ بولماس، ناۋادا
خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا قاپىقىنى تۈرۈپ
قېشىنى يىمىرىپ قويغان كۈنى ئۆمەر
باي، ئابدۇرېھىم بايلارنىڭ پايدا-

مەنپەئەتلىرى قانداق بولار؟ ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ كۆمۈش، يامبۇ يۈكلىگەن قېچىرلىرى پامىر يوللىرىدا قايسى ھاڭغا دومىلاپ كېتەر؟ ئۇنداق بولغان كۈنى ئۆمەر بايمۇ راۋاب كۆتۈرۈپ دېۋانىچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ تەسەۋۋۇرنى قەشقەر بايلىرى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندىمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق !

ـ ئاتىسغا يول قويغا سودىگەر پايدا تاپالمايدۇ، دېگەننى قايتا ئەسكەرتىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب، ئابدۇقادىر داموللام بايلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس. ئەگەر ئاتىسى بولغان ھالەتتىمۇ يول قويماسلىقى لازىم ـ دە... ـ دېدى ھەسەن شۈت سۆرلۈك قىياپەتتە.

ـ سۆزنى ئىككىمىز قىلىشۋاتىمىز، ـ دېدى مامۇت بەگ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، ـ بايلارنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن يېرى بار، ئەلۋەتتە ...

ـ باركاللا! ئىشلىرىڭىز نۇر ئەلانۇر.

مامۇت بەگ تېتىك قەدەم تاشلاپ ئۆيىدىن چىقىپ ئانچە ھايال بولمايلا زور گەۋدىلىك بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى ۋە بۇ مېھماننى تونۇشتۇرۇپ :

ـ ئەتىگەندىن بېرى تونۇشتۇرغان دىۋە يۈرەك پالۋىنىمىز مانا شۇ كىشى، ئىسمى ھېلىم مەزىن ئاخۇنۇم..!.

ـ باركاللا، مەن ئاڭلىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇر ئادەم، مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ.

ـ ماموُت بەگ بىر پىيالە چاي تۇتتى. ھىلىم مەزىن چاي ئوتلاۋاتقان چاغدا ماموُت بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ داراقلىتىپ يوغان ساندۇقنى ئاچتى ـ دە، سامان قەغەزگە ئورالغان 6 يۆگەم تەڭگىنى ۋە بىر دانە خەنجەرنى ئالدى ـ دە، داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدە قىزىرىپ، ـ ئۇنداق بولسا تاغا، باشتا قىلىشقان گېپىمىز گەپ، ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن. مانا بۇ 300 سەر تەڭگە، بىر دانە خەنجەر، بۇ

خەنجەر ئۆز يېرىمىزدە سوقۇلغان ئەمەس، زاۋۇتتىن چىققان، ھەرقانداق ئىشقا يارايدۇ.
ھېلىم مەزىن ئوراقلىق تەگكىلەرگە، پوكاندەك قىزارغان پىشانىسى، قىزارغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى.
-قىنى ئېلىڭ، قالغان ئىش ئۆزىڭىزدە قالدى، ئېلىڭ تەگكىلەرنى.
ھېلىم مەزىننىڭ يۈك باسقان قوللىرى تىترىگەن ھالدا تەگكىلەرنى ئېلىپ بەلۋاغقا چىگدى. ئاندىن

خەنجەرنى قولغا ئېلىپ، ئۆرۆپ ـ چۆرۆپ قاراپ قويدى.
ـ ئۇنداق بولسا خەير ـ خوش..!.
ـ خۇدايىم بۇيرۇسا ھەرقايسىلىرىنىڭ تاپشۇرغان ئىشىنى جان ـ تېنىم بىلەن ئادا قىلغايمەن!... خەير، ـ دېدى ھېلىم مەزىن.
ماموت بەگ ھېلىم مەزىننى ھويلىدىن چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ھېلىم مەزىننىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چاپسانلا كۆزدىن غايىب

بولدى ...
بوگون باشقىچە تاڭ ئاتتى. ئاسماننى كۆكۈلسىز تۇمان قاپلىغان. ھاۋانىڭ قانداقتۇر كۆڭۈلنى خىرەلەشتۈرىدىغان تەبىئىتىگە يارىشا قانداقتۇر دەھشەتلىك ۋە مەشئۇم خەۋەرمۇ تارقالغان ئىدى.
قەشقەر شەھرى ئىچىدىكى يۈزلىگەن مەسچىت جامائەتلىرى، ئوقۇلىغان مەدرىسلەردىكى تالىپلار، شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەن

كاسىپلار، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەشئۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك، گويا قۇياش كۆچۈپ پايانسىز كائىنات بوشلۇقتا ئېقىپ كېتىپ جاھان زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ زۇلمەت جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاراڭغۇلۇقتا قالغاندەك باشقىچە تۇيغۇدا، تووۋا، تووۋا! دېيىشمەكتە. قانداقمۇ قولى بارغاندۇ؟ قانداق دەيۈز

قارا قورساق شۇنداق قىلغاندۇ! خۇدالىق ئالەم ئەمەسمۇ؟ ئالمىنىڭ ئۆلگىنى ئالمىنىڭ ئۆلگىنى ئەمەسمۇ؟ توۋا، توۋا! دېيىشەتتى. ئومۇمەن ئادەملەر قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە ئازاب چەكمەكتە ئىدى.

بۇ خەۋەر يېزىلارغىمۇ يۇر كەتتى. قوغان، سەمەن، نەزەرباغ تەرەپلەردىن، توققۇزاق، بەشكېرەم، ئاتۇش، پەيزىۋات تەرەپلەردىن توپ-توپ خەلق شەھەرگە ئاقماقتا ئىدى. بۆگۈنكى

ماتەم پۈتۈن يۇرتنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئائىلەمنىڭ قايغۇسىغا ئايلاندى.

ئۇلۇغ ھېيتگاھتا ئۈستىدە كىمخاب يوپۇق يېپىلغان جىنازا خەلق دېڭىزى ئىچىدە گويا كاراپتەك ئۈزمەكتە.

خەلقنىڭ مۇڭ-زارى، نالە-پىغانلىرى ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلمەكتە. سەللىلىكلەر، ئۇزۇن تونلۇقلار، مىڭلىغان تالىپلار، پەرەنجە يېپىنغان ئاياللار، كولا كىيگەن دەرۋىشلەر، ساپايىچىلار، مەدداھلار،

راۋابچىلار، ئىشقىلىپ ھەممە جاھان ياش تۆكۈپ قان يىغلىماقتا. ناماز چۈشۈرگەندە، ھېيتگاھنىڭ ئىچى - تېشى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيەنى ئوقۇلدى.

مىڭلىغان تالىپلار قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىپ، ئاھ ئىست، ۋادەرىخ دەپ يىغلاپ تەزىيە شېئىرى ئوقۇدى :

قەشقەردە داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر،
قالدىلەر ياش باللا، ھاممام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر.

ئايرىلدۇق يۇلتۇزدەك كاتتا ئالىمدىن ئەي مۇسۇلمانلار،
ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى ئويلا ئىنسانلار.

ئويلىماي قول سالدى قاشقىرلار كەبى دەيۆز قاتىللار،
قالدۇق بىز ھەسرەتتە بەك ئېغىر كۆنگە.

ئاسماندىن ياغدى قان بولغان بۇ ئىشقا تاقەت قىلالماي،

ئاقتى قان دەريالار بۇ پالاكەتتىن قايناپ تاشقىنلار.
ئاھ ئىسىت، ۋادەرىخ ئايرىلدۇق ئەجەب پىرۇ ئۇستازدىن،
يىغلايمىز ئۆلگۈچە داغۇ ـ ھەسرەتتە جىمى تالىپلار.

ياشىمىز قاپلىسۇن توپان سۈيىدەك يەر ۋە جاھاننى،
ئاھىمىز قاپلىسۇن ئاسمان قەھرىنى چىقسۇن بورانلار.

ئەمدى بىز قەشقەرلىك تاپماي قويمايمىز ياۋۇز قاتىلنى،
دەھشەتلىك كۆلپەتكە زەردىمىز تاشتى قايناپ ۋىجدانلار.

تالىپلارنىڭ تەزىيە ساداسى،

يۈزلىگەن دەرۋىشلەرنىڭ دەۋرى ساماسى، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ نالە ـ پەريادى، قانلىق كۆز ياشلىرى ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ جەسىتى 1924 ـ يىلى (ھىجرىيە 1343 ـ يىلى) يەرلىككە دەپنە قىلىندىلەر.

ئابدۇقادىر داموللام ۋاپات بولۇپ 10 يىل ئۆتكەن 1934 ـ يىلى مەن قەشقەرگە بارغىنىمدا «قەشقەردە داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر» دېگەن بۇ

تەزىيە شېئىرى ئېيتىلىدىكەن، ئۇنى ھەتتا كوچىلاردىكى، ئائىلىلەردىكى ئۇششاق باللارمۇ بىلىدىكەن، مەن شۇ چاغدا ئاڭلىغان، ئاھاڭلىرى، قىسمەن بېيىتلىرى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ يىللاردا قەشقەردە راۋاپچىلاردىنمۇ، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىمۇ شۇ قىسمەتتىكى قوشاقلارنى ئاڭلىغان ئىدىم:

تاغلار ـ تاشلار تەۋرىنىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟

دەريا سۈيى قان بولۇپ،
بۈگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسنى،
چاڭ ـ تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھاننى،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتمىز.
داموللىغا دۆيۈزلەر،

قەست قىلماس دەپتىمىز.
قىلماق بولغان قەستىڭنى،
ماڭا قىلساڭ بولمامتى؟
قولۇڭدىكى پىچاقنى،
ماڭا سالساڭ بولمامتى؟

داموللا شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك،
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگاسنى تاپالماي.
تالىپ باللا يىغلايدۇ،
دامولللامنى تاپالماي.

دامولللام چىراغىغا،
پەرۋانە بولاي دەيمەن.
ناھەق بولغان بۇ ئىشقا،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

دامولللامغا قەست قىلدى،

يۈزى قارا دۆيۈزلەر.
كۆڭلىدە چىراغى يوق،
دىلى قارا ياۋۇزلار.

## ئاخىرقى سۆز

«ئۆل ئىشنى ئاشكارا بولمىسۇن دېسەڭ قىلمىغىنىڭ ياخشى». مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ جەستى قايغۇ-ھەسرەت، ئاھ-نادامەتلەر ئىچىدە دەپنە قىلىنىپ،

ئۆچ نەزىرى بىرلىگەن كۆنلەردىلا ھەر خىل مىش-مىش گەپلەر پەيدا بولدى. ھىلىم مەزىن دىگەن قارا قورساق قەتلى قىپتۇ دىيىشتى. ئاز كۈن ئۆتمەي ئۆمەر باي باشلىق بايلار ھىلىم مەزىنگە 300 سەر تەڭگە بىرىپتۇ، دىگەن سۆزلەر پەيدا بولدى. ئۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا، بايلار، چوڭ-چوڭ ئاخۇنلار كۆكلەپ يايرىغان شارائىتتا بۇ سۆزلەر ئۆزىچە بىسىلىپ قالدى.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام نىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە 56 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە (بۇ ئەسەر يېزىلغان 1982 ـ يىلىغا قارىتا ئېيتىلغان ـ مۇخبىر)، خەلق ئاغزىدا «ئىنگلىز ـ شۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆمەر باي قاتارلىقلارنىڭ 300 سەر تەڭگە سەرپ قىلىپ داموللامنى ھېلىم مەزىنىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق سۆزلەنمەكتە ...

يازغۇچىدىن :

«داموللام ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر» دېگەن بۇ مەرسىيىنى مەن 1933 ـ يىلى قەشقەردە ئاڭلىغانىدىم. ياش چاغلاردا ئاڭلىغان بۇ شېئىر يۈرەككە چىڭ ئورناشقان ئىكەن، ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

مەيلى دىندا ئوقۇغانلار ئىچىدە بولسۇن ياكى ھازىرقى زىيالىيلار، تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدە بولسۇن، ئابدۇقادىر داموللام بىنىنى

ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ تەرىپىنى بوگۈنكى كۈنگىچە ئاڭلاپ كەلمەكتىمەن. بۇ زات 1924 ـ يىلى (ھىجرىيە 1343 ـ يىلى) ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىشقا گەرچە 56 يىل(1982 ـ يىلدا) بولغان بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ پاجىئەنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىز كونسۇلخانىسى، شىۋىت كونسۇلخانىسى ۋە دىن

تارقاتقۇچىلارنىڭ قانلىق قولى ئۆمەر باينىڭ 300 سەر تەڭگىسى، ھېلىم مەزىن دېگەن قارا قورساق پوكانچىنىڭ ۋىجدانسىز قاتىل گەۋدىسىگە بولغان لەنەت ۋە نەپرەتنى بىر كۆنمۇ ئۆچۈرۈپ قويغىنى يوق. يىراق-يىراق يېزىلاردىكى پارس، ئەرەبچىدىن ئازراقلا خەۋىرى بولغان كىشىلەر بەزەن كىتابلاردا ئابدۇقادىر داموللام نىڭ يازغان قىسقا رۇبائىيلىرىنى كۆرۈپ تەھسىن ئوقۇيدۇ. قىزغىن مۇھاكىمە

يۈرگــۈزۈپ، رۇبائىينــىڭ چوڭقــۇر مەنىلىرىگە قاراپ ئابدۇقادىر داموللام غا كاتتــا ئۆلۈمــا، كاتتــا ئــالىم، مۇتەپەككــۇر، پەيلاســوپ، شــائىر- ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دەپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

دەرۋەقە ئابــــدۇقادىر دامــــوللام ئەسىرىمىزدە ئىقتىــدارلىق ئــالىم ئىــدى. تەرەققىيــپەرۋەر زات ئىــدى. بــۇ زات قەشــقەردە، بۇخــارادا ۋە ھىندىــستاندا ئوقۇغان. مەدىنە، مىــسىر، ئىــستانبۇل،

ئۈپا، قازان، تاشكەنتلەرگە زىيارەتتە ھەم ساياھەتتە بولۇپ، بىلىم ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى، ئۆز خەلقىنىڭ نادانلىق ۋە جاھالەتتە ياتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى شۇ دەۋردىكى جاھانگىرلار مىسسىئونېر(دىن تارقاتقۇچى)لار، مۇتەئەسسىپ بايلار، خۇراپىي ئىشان تۆرىلەر، مولللارنىڭ ياۋۇز نىيەتلىرىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش

قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام 45 يېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر زېمىنىغا چاڭگال سېلىۋالغان چەتئەل قوللىرىنى كېسىپ تاشلاش، مۇتەئەسسىپ باي ۋە ئۆلىمالارنىڭ چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ تىكلىگەن نوپۇزلىرىنى قىرقىپ تاشلاش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلدۇ. بىز بۇ مەقسەتنى ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قولى بىلەن يازغان «نەسىھەتى

ئامه»دىن كۆرۈۋالالايمىز. «شانلىق يۈرۈشلىرىمىزگە خۇراپاتلىقلار ئارىلاشتى. ئىززەت-ئابرۇيىمىز قولدىن كەتتى. مۇخالىپاتچى(جاھانگىر)لار ۋەتىنىمىزگە قول سىلىشقا باشلىدى».
دېمەك، 1920-يىللىرى قەشقەردىكى ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق ئىدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام رېئال ئەھۋالغا قارشى كۆكرەك كېرىپ، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-ئېھسانلارنى

غېرىب ـ غۇرۋا، يېتىم ـ مىسكىنلەرگە سەرپ قىلىش، مەكتەپلەر قۇرۇپ ئۇلارغا تەربىيە بېرىشنى بەجانىدىل تەشەببۇس قىلدى.

ئەپسۇسكى، بۇ زات يالغۇز ئىدى. ئۇنى ئۇ دەۋردىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت قوللىمايتتى. چۈنكى ئۇلار يۇرتنى جاھالەتتە تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. دىنىي ئۆلىمالارمۇ قوللىمايتتى، چۈنكى داموللىنىڭ تەشەببۇسلىرى بويىچە بولغاندا شەخس

تاپاۋتى ئازلاپ قالاتتى. ئەۋقاپتىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بايلار تېخىمۇ قوللىمايتتى. چۈنكى بايلارغا نادان، بوزەك خەلق بازىرى لازىم ئىدى. ئۇلار خەلقنى بوزەك تېپىپ جىقراق پايدا تېپىشنى كۆزلەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللىدىن نۇرغۇن ئەدەبىي يادىكارلىقلار قالدى. ئۇلار «ئىرشادىل مۇسلىمىن»، «مۇپتاھىل ئەدەپ»، «ئەقايىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «بىدايەتۇل

سەرپ»، «ھىدايىتى نەھۋى»، «شەرھى ئامالى» ۋە باشقىلار. ئۇنىڭ «جاۋاھىرۇل ئەيقان» ناملىق ئەسىرى ئىسلام دۇنياسىدا قىممەتلىك ئورۇن تۇتماقتا. بەزەن پەلسەپىۋى رىسالىلەردە ئىسلام ئالىملىرى قاتارىدا بۇ زاتنىڭ تىرەن مەنىلىك رۇبائىيلىرى، شەۋقى گۈلستان موسەۋۋىرىدىكى بىغشلىمىسى ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ۋاپاتى ھەققىدىكى

ھېكايىلەرنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، دىلدىن ـ دىلغا كۆچۈپ يۈرگىنىدىن كۆرە كونكرېتراق بولۇپ قالغىنى ياخشى ئىش. پەقەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا مەن بۇ ۋەقەلىكنى تارىخىي ئۇچېرك قىلىپ يېزىپ چىقىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالىدىم. كىتابخانىلارنىڭ تولۇقلىشىنى كامال ئېھتىرام بىلەن ئۈمىد قىلىمەن. (تامام)

مەنبە: http://hi.baidu.com/qutlan

AAQ(5487)